(بېشى 14 ـ بەتتە)

**2 ـ پاراگراف يېڭىچە شەھەر قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش**

شەھەر تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئىدىيەسى ۋە يېڭى يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، شەھەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، ياشاشقا باب، ئىجادىي، ئاقىل، يېشىل، ئىنسانىي، چىدامچان شەھەر بەرپا قىلىش كېرەك. شەھەرلەرنى ئاقىللاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شەھەرلەردىكى ئىمارەت، ئاممىۋى بوشلۇق، يەر ئاستى تۇرۇبا تورى قاتارلىقلارنى «بىر ئىسخېما» ئارقىلىق رەقەملىك باشقۇرۇش ۋە شەھەر ھەرىكىتىنى بىر توردا باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش لازىم. شەھەرلەردىكى ھالقىسمان يېشىل بەلباغ، يېشىل كارىدور، شىناسىمان چىملىق، يېشىل يوللارنى ئىلمىي لايىھەلەپ جايلاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە فۇنكسىيەنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شەھەر ئاممىۋى قاتنىشىنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇپ، ۋېلىسىپىت يولى، پىيادىلەر يولى قاتارلىق ئاستا يۈرۈش تورلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاقىل قۇرۇلمىلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېشىل قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، قۇراشتۇرما ئىمارەت ۋە پولات قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇلارنى كېڭەيتىپ، تۆۋەن كاربونلۇق شەھەر بەرپا قىلىش كېرەك. شەھەر ئەنئەنىسىنى قوغداپ ۋە داۋاملاشتۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك چېقىش ـ كۆچۈرۈشنى توسۇپ، شەھەر خاتىرىسى ساقلانغان، ئاھالە يۇرتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان قىلىش لازىم. شەھەرلەردە بۇلغىما چىقىرىشنى مەنبەسىدىن ئازايتىدىغان، يىغىش بىلەن چىقىرىش بىرلەشتۈرۈلگەن، زەي چىقىرىۋېتىپ خەتەرنى تۈگىتىدىغان، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە جىددىي تاقابىل تۇرىدىغان كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ـ زەي چىقىرىۋېتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، شەھەر ھۆلچىلىك ئاپىتىنى تىزگىنلەشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش لازىم. ئاممىۋى ئەسلىھەلەرنىڭ بوران ـ چاپقۇن، قۇرغاقچىلىق ۋە گېئو ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى ئەسلىھە ۋە ئىمارەتلەرنىڭ جىددىي پاناھلاندۇرۇش فۇنكسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. توسالغۇسىز مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. شەھەر قۇرۇلۇشى مەبلىغىنىڭ مەنبە ـ يوللىرىنى كېڭەيتىپ، قەرەلى ماسلاشقان، يوللىرى كۆپ مەنبەلەشكەن، مالىيەسى ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمى بەرپا قىلىش لازىم.

**3 ـ پاراگراف شەھەرنى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش**

پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يېتەكلەش، مۇھىم نۇقتىنى تۆۋەنگە يۆتكەش، پەن ـ تېخنىكىنى تىرەك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەھەر ئىدارە قىلىشنىڭ ئىلمىيلىشىش، ئىنچىكىلىشىش، ئاقىللىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، شەھەر رايونىدا جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شەھەر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. «مەھەللە باشقارمىسى ـ يېزىلار چاقىرىق قىلىش، تارماقلار ئاۋاز قوشۇش، قوبۇل قىلىنغان ئەرزنى دەرھال بېجىرىش» قاتارلىق ئاساسىي قاتلام باشقۇرۇش مېخانىزمى تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، بايلىق، باشقۇرۇش، مۇلازىمەتنى كوچا، مەھەللىلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىپ، زامانىۋى مەھەللە قۇرۇپ چىقىشنى تېزلىتىش كېرەك. شەھەر باشقۇرۇش ئۇسۇلى، باشقۇرۇش ئەندىزىسى، باشقۇرۇش ئىدىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى رەقەم تېخنىكىسى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى دەل جايىدا ئۈنۈملۈك قاندۇرۇش لازىم. خوجىلىق مۇلازىمىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خوجىلىق مۇلازىمىتىنىڭ قاپلاش نىسبىتى، سۈپىتى ۋە ئۆلچەملىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

**4 ـ پاراگراف تۇرالغۇ بازىرى سىستېمىسى ۋە تۇرالغۇ كاپالىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

ئۆينى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماي تۇرالغۇ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ سۇبيېكت تەمىنلەيدىغان، كۆپ يول ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىدىغان، ئىجارە ئېلىش بىلەن سېتىۋېلىش تەڭ يولغا قويۇلىدىغان تۇرالغۇ تۈزۈمىنى تېزدىن ئورنىتىپ، ئومۇمىي خەلقنى ئولتۇرىدىغان ئۆيى بولۇش، ۋەزىپىسى بىلەن تۇرالغۇسى باراۋەر بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش ۋە كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەھەر ھۆكۈمىتىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، يەر باھاسى، ئۆي باھاسى ۋە كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. تۇرالغۇ بىلەن يەرنى ھەمتۈرتكە قىلىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئۆي ـ زېمىن پۇل مۇئامىلىسىنى تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، تۇرالغۇ بېجىنىڭ تەڭشەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇۋاپىق ئۆزى ئولتۇرۇش ئېھتىياجىنى قوللاپ، سېلىنمىلىق پۇرسەتپەرەس ئېھتىياجنى توسۇش كېرەك. ئۆي ئىجارە بازىرىنى تېز يېتىلدۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ساقلانما تۇرالغۇ بايلىقىنى ئۈنۈملۈك جانلاندۇرۇپ، شەھەر ئىجارىلىك تۇرالغۇ تەمىناتىنى زور كۈچ بىلەن تەرتىپلىك ئاشۇرۇپ، ئۇزاق ئىجارىلىك تۇرالغۇ سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجارە ئالغان تۇرالغۇ بىلەن سېتىۋالغان تۇرالغۇنى ئاممىۋى مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولۇشتا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە قىلىشنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئىجارىلىك تۇرالغۇغا ئائىت قانۇن ـ نىزام قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىجارە بازىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىجارە ئالغۇچى بىلەن ئىجارە بەرگۈچىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. كاپالەتلىك تۇرالغۇ تەمىناتىنى ئۈنۈملۈك ئاشۇرۇپ، تۇرالغۇ كاپالىتىگە ئائىت ئۇلۇق تۈزۈم ۋە قوللاش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. كىرگەن نوپۇس كۆپ، ئۆي باھاسى يۇقىرى شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كاپالەتلىك ئىجارە ئۆي تەمىناتىنى ئاشۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىۋى يېڭى شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرالغۇ مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىش كېرەك. ئىجارە ئۆي يېرى پىلانىنى ئايرىم تۈزۈپ، كوللېكتىپ قۇرۇلۇش يېرى ۋە كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بىكار تۇرغان يەرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىجارە ئۆي سېلىش ئۇستىدە ئىزدىنىپ، تۇرالغۇدىن باشقا ئۆيلەرنى كاپالەتلىك ئىجارە ئۆيگە ئۆزگەرتىشنى قوللاش لازىم. يەرنى ھەقلىق بېرىش كىرىمىنى تەقسىملەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مالىيە ـ باج، پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق قوللاش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. ئورتاق ئىگىدارلىقتىكى ئۆينى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئاساسىي كاپالەت بىلەن غەيرىي ئاساسىي كاپالەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، تۇرالغۇ كاپالىتى ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كاپالەت ئوبيېكتى، ئىجازەت شەرتى، چېكىنىشنى باشقۇرۇش سىياسەتلىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇش لازىم. تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاپشۇرۇش، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش ۋە يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

**11 ـ جەدۋەل يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى**

| | |
|---|---|
| 01 | **مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى**<br>مەركىزىي شەھەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ـ يېتەكلەش رولى كۈچلۈك، ئەتراپتىكى شەھەرلەر بىلەن بىرگەۋدىلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى رايونلاردا بىر تۈركۈم زامانىۋى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى بەرپا قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھەلىرىنى تۇتاشتۇرۇش، ئاممىۋى مۇلازىمەتتە ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش ـ ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. |
| 02 | **شەھەر يېڭىلاش**<br>شەھەر ـ بازاردىكى 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان 219 مىڭ كونا مەھەللىنى ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ، چوڭ شەھەرلەردىكى كونا زاۋۇت رايونلىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئاساسەن تاماملاپ، بىر تۈركۈم چوڭ كوچا رايونلىرىنى ئۆزگەرتىپ، بىر تۈركۈم شەھەردىكى كەنتلەرنى شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگەرتىش لازىم. |
| 03 | **شەھەرلەردە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ـ زەي چىقىرىۋېتىش**<br>كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشتىكى 31 نۇقتىلىق شەھەر ۋە چوڭ دەريا ـ ئېقىن بويىدىكى شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شەھەرلەردىكى كەلكۈن باشلاش بوشلۇقى، توسما، مۇداپىئە قىرغىقى، دەريا يولى، كەلكۈن مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، سۇ چىقىرىش تۇرۇبا تورى قاتارلىق كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ـ زەي چىقىرىۋېتىش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىپ ۋە ياخشىلاپ، بۇلۇت شەھەرلەرنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەرپا قىلىپ، شەھەرلەردىكى ئاسانلا ئېغىر ھۆلچىلىك بولۇپ سۇ يىغىلىپ قالىدىغان رايونلارنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش لازىم. |
| 04 | **ناھىيە بازارلىرىنىڭ كەمتۈكلۈكلىرىنى تولۇقلاش**<br>ناھىيە بازىرى، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ شەھەر رايونى ۋە ئالاھىدە چوڭ بازارلارنىڭ كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، كېسەللىك مۇداپىئە ـ كونترول مەركىزى، كۈتۈنۈش مەركىزى، يەسلى، شەھەر مەمۇرىيىتى تۇرۇبا تورى، شەھەر مەمۇرىيىتى قاتنىشى، توختالغۇ، توكلىغۇ، پاسكىنا سۇ ـ ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسى ۋە كەسىپ سۈپىسى يۈرۈشلۈك ئەسلىھەسى قاتارلىقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. 120 ناھىيە بازىرىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلاش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورۇنداش لازىم. |
| 05 | **زامانىۋى مەھەللە بەرپا قىلىش**<br>مەھەللىلەرنىڭ كۈتۈنۈش، ھاۋالىلىك بېقىش، داۋالاش، ساقلىق ساقلاش، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ئەشيا ئوبوروتى، قولاي ماگىزىن ـ تاللا بازىرى، ئائىلە مۇلازىمىتى، خوجىلىق قاتارلىق مۇلازىمەت تورى ۋە تور سۇپىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر مەھەللىرىنى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئەسلىھەسى بىلەن تولۇق قاپلاش لازىم. ئىستۇدېنت مەھەللە خىزمەتچىسى پىلانىنى يولغا قويۇپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى ھەر 10 مىڭ دائىملىق نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان مەھەللە خىزمەتچىسىنى 18گە يەتكۈزۈش لازىم. |
| 06 | **شەھەر ـ يېزا يۇغۇرما تەرەققىياتى**<br>جياشىڭ ـ خۇجۇ، شەرقىي فۇجوۋ، گۇاڭجوۋ ـ چىڭيۈەن، نەنجىڭ ـ ۋۇشى ـ چاڭجوۋ، جىنەن ـ چىڭداۋ، غەربىي چېڭدۇ، غەربىي چۇڭچىڭ، شىئەن ـ شيەنياڭ، چاڭچۇن ـ جىلىن، شۈچاڭ، يىڭتەن قاتارلىق دۆلەت شەھەر ـ يېزا يۇغۇرما تەرەققىياتى سىناق رايونلىرىنى قۇرۇپ، ئىسلاھاتتا ھوقۇق بېرىش ۋە سىياسەت توپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. |

## 9 ـ قىسىم رايون ئىقتىسادىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، رايونلار ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش

رايونلۇق زور ئىستراتېگىيە، رايونلار ماس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى، ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايون ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، رايونلارنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدىغان رايون ئىقتىسادى جايلىشىشى ۋە زېمىن بوشلۇقى تىرەك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

### 30 ـ باب دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش ۋە قوغداش ئەندىزىسىنى ياخشىلاش

بايلىق، مۇھىتنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىپ، جايلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ئامىللارنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشى ۋە ئۈنۈملۈك جۇغلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسىي فۇنكسىيەسى روشەن بولغان، ئەۋزەللىكلەردە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدىغان دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش ۋە قوغداش يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايون تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش**

بوشلۇق قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، مۇھىم ئۇل ئەسلىھە، مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئاممىۋى بايلىقنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، شەھەرلەشكەن رايونلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى تۆر بويىچە ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيەلىك رايونى، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى قوغداش رايونى ۋە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەل رايونلىرىغا مەركەزلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى سىستېمىسىنى ياخشىلاپ، شەھەرلەشكەن رايون، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپ چىقىدىغان رايون، ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايوندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بوشلۇق ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايونلارنى ئايرىشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئاساسىي فۇنكسىيەلىك ئورنى بويىچە سىياسەت بۆلەكلىرىنى ئايرىپ، نۇقتىلىق ئېچىلىدىغان رايونلار، ئېكولوگىيەسى ئاجىز رايونلار، ئېنېرگىيە بايلىقى مول رايونلار قاتارلىقلارغا پەرقلىق سىياسەت چىقىرىپ، تۈرلەر بويىچە دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش كېرەك. بوشلۇق تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ زور تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرىنىڭ ئەمەلىي يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**2 ـ پاراگراف يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسىنى كۆپەيتىش**

مەركىزىي شەھەر ۋە شەھەر توپى قاتارلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەۋزەل رايونلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىقتىساد ۋە نوپۇسنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېي، چاڭجياڭ دېلتىسى، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش بۆشۈكى ئىقتىدارى ۋە دۇنياۋى بايلىق تەقسىملەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى قوشۇننى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش لازىم. ئوتتۇرا ـ غەربىي قىسىمدىكى شارائىتى يار بېرىدىغان رايونلاردا، مەركىزىي شەھەرلەرنى يېتەكچى قىلغان ھالدا، شەھەر توپى فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىپ، سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات مۇھىم رايونى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بايلىق يۆتكىلىش توسالغۇلىرىنى تۈگىتىپ، مەمۇرىي رايون ئايرىمىسىنى ياخشىلاپ، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ۋە بايلىقنى ياخشى تەقسىملەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، رايون تەرەققىياتىدىكى تەسىر كۆرسىتىش ـ يېتەكلەش رولىنى كۈچەيتىش لازىم.

**3 ـ پاراگراف مۇھىم فۇنكسىيەلىك رايونلارنىڭ كاپالەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش**

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپ چىقىدىغان رايون، نۇقتىلىق ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايونى، ئېنېرگىيە بايلىقى مول رايون ۋە چېگرا رايون قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك فۇنكسىيەنى ئۈستىگە ئالغان رايونلارنى تىرەك قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى ۋە چېگرا رايون بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغداپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبە رايونلىرى بىلەن بىرلىكتە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ سىستېمىسى بەرپا قىلىش لازىم. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپ چىقىدىغان رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى قوللاپ، ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايونلىرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، ئېكولوگىيە مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەشنى تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشنى قوللاپ، ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايونلىرىدىكى ئاھالىنى شەھەرلەشكەن رايونلارغا تەدرىجىي تەرتىپلىك كۆچۈرۈش ۋە ئولتۇراقلاشتۇرۇپ نوپۇسقا ئېلىشقا مەدەتكار بولۇش لازىم. ئېنېرگىيە ئېچىشنىڭ جايلىشىشى ۋە تىرانسپورت ئەندىزىسىنى ياخشىلاپ، ئېنېرگىيە بايلىقىدىن ئۇنىۋېرسال ئېچىپ پايدىلىنىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ئىچىدە ئېنېرگىيە تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىيات ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، نوپۇس ۋە ئىقتىساد تىرىكنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئاممىۋى بايلىق تەقسىماتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئېكولوگىيە فۇنكسىيەلىك رايونى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپ چىقىدىغان رايون، چېگرا رايون قاتارلىقلارنى ئۈنۈملۈك يۆتكىمە چىقىم بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

### 31 ـ باب رايونلۇق زور ئىستراتېگىيەلەرنى چوڭقۇر يولغا قويۇش

ئىستراتېگىيەلىك نىشانغا يېتىش ۋە يېتەكلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى نىشانلاپ، رايونلۇق زور ئىستراتېگىيەلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى نەتىجە يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، رايونلارنىڭ يۇغۇرۇلۇشى، ھەمتۈرتكە بولۇشى، بىرلىشىشى ۋە ئۆزئارا تولۇقلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**1 ـ پاراگراف بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش**

بېيجىڭنىڭ پايتەختكە خاس بولمىغان فۇنكسىيەسىنى تارقاقلاشتۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، فۇنكسىيە تارقاقلاشتۇرۇش سىياسەت سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپ، بىر تۈركۈم بەلگە خاراكتېرلىك تارقاقلاشتۇرۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇش لازىم. شيۇڭئەن يېڭى رايونىنى يۇقىرى سۈپەتتە قۇرۇپ، قوزغىتىش رايونى ۋە باشلىنىش رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەمۇرىيەت قوشۇمچە مەركىزىنى يۇقىرى سۈپەتلىك قۇرۇپ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ سەنخې، شياڭخې، داچاڭ قاتارلىق ئۈچ ناھىيەسى (شەھىرى) بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تيەنجىن شەھىرى بىنخەي يېڭى رايونىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جاڭجياكوۋنىڭ پايتەخت سۇ مەنبەسىنى ساقلاش فۇنكسىيەلىك رايونى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تىرەك رايونى قۇرۇلۇشىنى قوللاش لازىم. بېيجىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىنىڭ ئۇل تەتقىقات ۋە ئىپتىدائىي يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، جوڭگۇەنسۈن دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە رايونىنىڭ ئالدىن يولغا قويۇش ـ سىناش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ كەسىپ زەنجىرى بىلەن يېڭىلىق يارىتىش زەنجىرىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ تۆمۈريوللىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئايرودۇرۇم توپى، پورت توپلىرىنىڭ ماسلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئاتموسفېرا بۇلغىنىشى بويىچە بىرلىشىپ مۇداپىئە كۆرۈش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش ۋە بىرلىشىپ تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىمالىي جۇڭگودا يەر ئاستى سۈيىنى زىيادە تارتىش سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەن يەرلەرنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك.




4 ـ رەسىم: بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېي رايونى رېلىسلىق قاتناش يىرىك پىلانىنىڭ خەرىتىسى

**2 ـ پاراگراف چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش**

ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىش ۋە كەڭ كۆلەمدە ئورتاق قوغداش، كەڭ كۆلەمدە ئاچماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ماس ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق ئۆتىدىغان گۈزەل جۇڭگو ئۈلگىسى يارىتىش كېرەك. گەۋدىلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى تۈزەشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىنى بۆلەك بويىچە ئىنچىكە رايونلارغا ئايرىپ باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشكە تۈرتكە بولۇپ، شەھەر ـ بازار پاسكىنا سۇ ـ ئەخلەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، سانائەتتىن بۇلغىنىشنى تۈزەش، يېزا ئىگىلىكنىڭ دائىرىلىك بۇلغىنىشىنى تۈزەش، كېمە ـ پاراخوتتىن بۇلغىنىشنى تۈزەش، قالدۇق رۇدا ئامبىرىدىن بۇلغىنىشنى تۈزەش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇش كېرەك. يېشىل تەرەققىيات بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، چىشۈي دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتۇشنى ئون يىل مەنئى قىلىش لازىم. چاڭجياڭ دەرياسى مۇھىم قاتناش يولىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۇنىۋېرسال قاتناش ـ تىرانسپورت سىستېمىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن لايىھەلەپ، سەنشيا تۈگۈنىنىڭ بوغما ھالەت چەكلىمىسىنى يېنىكلىتىپ، دەريا بويى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى ۋە يۈك تىرانسپورت تۆمۈريولى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم. كەسىپلەرنىڭ ماس، ھەمتۈرتكە، بىر پۈتۈن بولۇش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېشىل كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياخشى قوغداش لازىم.

**3 ـ پاراگراف گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن پائال ئىلگىرى سۈرۈش**

گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېننىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات جەھەتتىكى ماس تەرەققىياتىنى كۈچەيتىپ، گۇاڭجوۋ ـ شېنجېن ـ شياڭگاڭ، گۇاڭجوۋ ـ جۇخەي ـ ئاۋمېن پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش كارىدورلىرى ۋە شېنجېن ـ شياڭگاڭ ـ خېتاۋ، گۇاڭدۇڭ ـ ئاۋمېن ـ خېڭچىن پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇتۇپلىرىدىن ئىبارەت «ئىككى كارىدور، ئىككى قۇتۇپ»لۇق رامكا سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئىلىم ـ پەن مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئامىللىرىنىڭ چېگرا ھالقىپ يۆتكىلىشىگە قولايلىق يارىتىش لازىم. شەھەرلەر ئارا تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، پورت ۋە ئايرودۇرۇملارنىڭ فۇنكسىيەلىك جايلىشىشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، سۇ تىرانسپورتى ۋە ئاۋىياتسىيە بايلىقىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاش كېرەك. تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئەندىزىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەم، يۈك، ئاپتوموبىللارنىڭ تېز ۋە ئۈنۈملۈك يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىچكى جايلار بىلەن شياڭگاڭ ـ ئاۋمېننىڭ كەسىپىي سالاھىيەتنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، نۇقتىلىق ساھەلەردىكى قائىدە ـ مېخانىزملارنى جىپسىلاشتۇرۇشنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شياڭگاڭ ـ ئاۋمېنلىق ياشلارنىڭ چوڭ قولتۇق رايونىدىكى شەھەرلەردە ئوقۇشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە ئىگىلىك تىكلىشىگە قولايلىق يارىتىپ، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئالاقىسى داڭلىق ماركىسى يارىتىش لازىم.




5 ـ رەسىم: گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇقى رايونى رېلىسلىق قاتناش يىرىك پىلانىنىڭ خەرىتىسى

**4 ـ پاراگراف چاڭجياڭ دېلتىسىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش**

خەلقئارا ئىلغار پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە كەسىپ سىستېمىسىنى نىشانلاپ، چاڭجياڭ دېلتىسى G60 پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش كارىدورى ۋە شاڭخەي ـ نەنجىڭ كەسىپتە يېڭىلىق يارىتىش بەلبېغى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ دۇنياۋى بايلىق تەقسىماتى ئىقتىدارى ۋە پۈتۈن مەملىكەت تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئۇل ئەسلىھەلەرنى راۋانلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، چاڭجياڭ دېلتىسىدىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەرنى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول بىلەن تولۇق قاپلاپ، پورت توپلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خۇڭچياۋ خەلقئارا ئېچىۋېتىش تۈگۈنى بەرپا قىلىپ، شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونى لىنگاڭ يېڭى رايونچىسىنىڭ ئوچۇق ئىقتىسادنى توپلاش فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىپ، شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ، ئەنخۇي ئەركىن سودا سىناق رايونلىرىنىڭ ھەمتۈرتكىلىك تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. ئاممىۋى مۇلازىمەتنى قولايلاشتۇرۇش ۋە ھەمبەھىرلەشنى تېزلىتىپ، سۈپەتلىك مائارىپ، داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش بايلىقىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاش لازىم. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئورتاق ئاسراش ۋە ئورتاق تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چاڭجياڭ دېلتىسى ئېكولوگىيەلىك، يېشىل، بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىيات ئۈلگە رايونىنى يۇقىرى سەۋىيەلىك قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

(ئاخىرى 16 ـ بەتتە)